السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# دوزاخنىڭ ئوتى تەگمەيدىغان ئىككى كۆز بار، بىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز، يەنە بىرى ئاللاھنىڭ يولىدا قاراۋۇللۇق قىلغان كۆز

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى: «دوزاخنىڭ ئوتى تەگمەيدىغان ئىككى كۆز بار، بىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز، يەنە بىرى ئاللاھنىڭ يولىدا قاراۋۇللۇق قىلغان كۆز»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلىغان كۆزگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى، بەندىلىرىگە بولغان قۇدرىتىنى ئەسلىگەن ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھالىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئازابى ۋە غەزىپىدىن قورقۇپ يىغلايدۇ، بۇ دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلىشى ۋەدە قىلىنغان كۆزدۇر. دوزاخ ئوتى تەگمەيدىغان يەنە بىر كۆز: ئۇ چېگرادا ۋە ئۇرۇش رايۇنلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا كۆزەتچىلىك قىلىپ ئۇخلىمىغان كۆزدۇر، «دوزاخ ئوتى يەتمەيدىغان ئىككى كۆز» دېگەن سۆزدىن بىر نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى سۆزلەپ ھەممىسىنى مەقسەت قىلىش دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدىن مەقسەت: كىمكى ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلىسا ۋە ئاللاھ يولىدا ئۇخلىماي كۆزەتچىلىك قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەدىنىنى دوزاخقا ھارام قىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3733

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee